# مسيح

# بارەسيدين مقدس كتاب لاردا كلكان پيغمبرليك سوزلار

كاشغر شهريده سوئيدان قوينڭ تانڭنينك
باسمه خانەسيده باسيلدی
۱۹۳۱

# مسیح

## بارەسیدین مقدّس کتابلاردا کلگان پیغمبرلیك سوزلار

عیسی مسیح نینگ بارەسیدین پیغمبرلیك سوزلار انجیل شریفدە اوقویمیز لیکن توراة و زبور عیسی مسیح دین اوزون وقت ایلگاری کلگان بولسە هم شو کتابلاردا مسیح نینگ بارەسیدین تولا خبر باردور خداغە هر نرسە اشکارادور خواه اوتکان خواه حاضر بار خواه کلادورغان واقعەلار بولسە همەسینی تمام اوخشاش روشن بیلادور انینگ اوچون عیسی مسیح بو دنیاغە کلماسدە مقدّس پیغمبرلارنینگ واسطەسی بیلان انینگ بارەسیدین خبر بریب دور.

خدا آدم بیلان حوّانی پاك یراتیب عدن دیگان باغنی اولارغە بردی مونینگ بارەسیدا کتاب تکوین ایکنچی فصل اون بشنچی آیتدە پتولوب دورکە و ربّ خدا آدمغە امر قیلیب ایتّی: باغداکی جمیع درختلاردین خوالاغانینگنی یکایسن امّا یخشیلیق و یمانلیق

نی بیلدورادورغان علم دِرختیدین یماکیل چونکه انینک
دین یکان کونینکده جزما اولورسن . لیکن شیطان یلان
نینک صورتیده بولوب خدا منع قیلغان میوه دین یکالی
اولارنی الدادی اطاعت سزلیکی بیلان اولار کناه‌کار بولوب
بهشت باغیدین چیقاریلدی خدا شیطان‌نی لعنت قیلیب
انکا ایتّی من سنینک بیلان خاتون اراسیغه و سنینک
نسلینک بیلان خاتون‌نینک نسلی اراسیغه دوشمنچیلیک
سالورمن و اول سنینک باشینک‌نی دبساب ینجیدورسن
انینک تاپانی‌نی چاقارسن بو سوزنینک معنه‌سی شوکه
خاتون‌نینک یعنی حوانینک نسلیدین شیطان‌غه غالب
بولادورغان بر قوتقازغوچی توغولادور اول سوز عیسی
مسیحده بجا کلدی اول باکره قیز حضرت مریم‌دین
توغولوب قوتقازغوچی بولوب اوز خلقی‌نی کناه‌لاریدین
آزاد قیلدور مونینک بیلان شیطان‌نینک باشی‌نی ینجیب
دور لیکن کامل قوتقازغوچی بولماق اوچون رنج تارتیب
داردا اولماقی لازم ایدی بو دردنی یمان آدم‌لار انکا
یتکوزدی شیطان انینک تاپانی‌نی چاقانی شو ایردی
خدا تعیین قیلغان وقتیدا شو واقعه بجا کلدی .

حضرت آدم‌دین تخمیناً ایکی مینک یلدین کین
خدا ابراهیم‌غه وعده قیلیب ایتّی سنینک اولادینکدین

يرداكى بارچه قبيلەلار مبارکليك تاپارلار بو سوز بيلان خدا معلوم قيلديکه وعده قيليغان قوتقارغوچى ابراهيمنينك نسلى دين كلادورغان ايردى ابراهيمنينك ايكى اوغلى بار ايردى يعنى اسماعيل بيلان اسحق اسماعيل كنيزكنينك اوغلى امّا اسحق ابراهيمنينك خاتونى سارەنينك اوغلى ايردى بو ايكى اوغولنينك قايسىنينك اولاديدين خدا وعده قيلغان قوتقارغوچى كلماكچى ايردى ديب سورساق توراتده تعيين ايتيليب دور.

خدا ابراهيمغه ايتّى: بتحقيق خاتوننك ساره سنكا بر اوغول توغار و سن انكا اسحق ات قويارسن و من انينك بيلان انينكدين كين انينك اولادى بيلان عهديمنى ابدى بر عهد اوچون توختاتورمن و اسماعيل بولسه دعاينكنى انكلاديم منا من انى برکتلاديم و انى اوروغلوق قيليب نهايت تولا قيلورمن انينكدين اون ايكى امير تورالادور و من انى چونك بر قَوْم قيلورمن امّا ساره كلادورغان يل بو وقتدا توغولادورغان اسحق بيلان عهديمنى توختاتورمن (كتاب تكوين ۱۷: ۱۹ — ۲۱ بو سوزلار ايتيليب دور.)

اندين كين خدا ابراهيمغه قيلغان وعدەنى

اسحققه توختاتیب ایتّی سنینك اولادینکدین
یرداکی همه طائفه‌لار مبارکلیك تاپارلار.

اندین کین اسحق نینك اوغلی یقوبغه وعده‌سی‌نی
توختاتیب انکا هم ایتّی و سندین و سنینك اولادینك‌دین
یرداکی پارچه قبیله‌لار مبارکلیك تاپارلار بو سوزلارنی
تفتیش قیلیب کورساك حضرت محمّد خدا وعده قیلغان
قوتقازغوچی بولالمدور دیب سورار میز اول اسماعیل نینك
اولادیدین توغولدی ایماس مو لیکن حضرت عیسی
مسیح اسحق نینك اولادیدین توغولدی حضرت یعقوب
نینك اون ایکی اوغلی بار ایردی بری نینك اتی یهودا
ایردی خدا قوتقازغوچی نینك باره‌سیدا قیلغان وعده
انینك نسلیکا توختاتیلدی.

حضرت ابراهیمدین تخمیناً بر مینك یلدین کین
حضرت داود یهودانینك نسلیدین موجود بولدی
خدانینك وعده‌سی انکا و انینك اولادیغه توختاتیلدی
انینك اوچون عیسی مسیح ابن داود اتانور کلادورغان
قوتقازغوچی داودنینك شهری بیت‌لحم‌ده توغولادور دیب
میخا پیغمبرکا الهام کلدیکه لیکن سن ای بیت‌لحم افراتا
یهودا امیرلاری نینك اراسیدا کچیك بولسانك هم
قومیم اسرائیلدا سلطنت قیلادورغان امیر سندین چیقار

(میخا پیغمبر نینك كتابی بشنجی فصل ایكنجی ایتده)
شو پیغمبرلیك سوزكا موافق انجیل شریفده
روشن پوتولوبدور كه حضرت عیسی مسیح بیتلحم
شهریده توغولدی انجیل لوقا شریف ایكنجی فصل
اونونجی آیتدین اون ایكنجی آیتغچه پتولوب دور كه و
فرشته پاته‌چیلارغه ایتّی قورقمانكلار چونكه منا من
سیزلارکا همه قَومْلارغه بولادورغان چونك بر خوشلوق نی
بشارت قیلورمن چونكه بو كون داودنینك شهریده
سیزلارکا بر قوتقازغوچی توغولدی و اول عیسی مسیح دور.
حضرت داود اوزی بیتلحم ده توغولغان اوچون
اول شهر داود نینك شهری آتانغان دور.
حضرت عیسی مسیح توغولماسدین بته سكز یوز یل
ایلكاری مسیح نینك توغولوشی بارەسیده اشعیا پیغمبرکا
الهام كلدیكه خداوند اوزی سنكا بر علامت بیرور منا
بر باكیره قیز حامله بولوب بر اوغول توغار و انكا عمانوعیل
ات قویار (عمانوعیل نینك معنەسی خدا بیز نینك
بیلّه دور) بو پیغمبرلیك سوزنینك بجا كلیشی‌نی انجیل
شریفده كورورمیز انجیل متی نینك اولقی فصل اون
سكزنجی آیتدین تارتیب مسیح توغولوشی‌نینك بیانی
بار دور شونداغ بولدیكه انینك اناسی مریم یوسفغه

وعده قیلیبیب ایردی و اولار بر یرده بولماسدین ایلکاری حضرت مریم روح القدّسدین حامله بولغان تاپیلدی.

اشعیا نینک کتابیدا (۳۵: ۲—۴) پتولوبدور که مسیح تولا معجزه قیلادور شونداغ پتولوبدور اول کلیب سنی قوتقازادور اول وقت کورلارنینک کورلاری اچیلادور و کاسلارنینک قولاقلاری انکلایدور اول وقت توکور آدم بر بوغادیک یوکورادور و کاجه‌نینک تلی اچیلیب شعر اوقویدور چونکه بیاباندین سولار چیقار و چولده شاقراملار پیدا بولورلار بو پیغمبرلیک سوزلار نینک بجا کلیشی‌نی انجیلده کورورمیز انجیل متی ۴: ۲۳ ونجی آیتده کلیبدور: و اول بارچه جلیلیه‌ده یوروب عبادت خانه‌لاریده تعلیم بریب پادشاهلیق نینک خوش خبرینی وعظ ایتیب قَوْمداکی هر اغریق‌نی و هر ضعیف‌نی ساقایتور ایردی و انینک شهرتی بارچه سوریه‌کا چیقتی و همه اغریق تارتقانلارنی هر قسم کسللیککا و دردلارکا مبتلا بولغانلارنی و سرانکلارنی و توتقاغلیق‌لارنی و اودرانلارنی انینک الدیغه کلتوردیلار و اولارنی ساقایتتی و جلیلیه‌دین و دقاپولیس دین و اوروشلیمدین و یهودیه‌دین و اردن نینک اول یاندیدین تولا خلق انکا ایرکاشتی. ینه انجیل متی اون

بشنجی فصل اوتوزونجی و اوتوزبرنجی آیتده یوتولوب
دور که و تولا خلق توکورلارنی و کورلارنی و کاچه لارنی و
چولاقلارنی و باشقه تولا لارنی اوران لاری برله انینک الدیغه
کلتوروب اولارنی عیسی نینک یوتلاری نینک الدیغه
تاشلادیلار و اول اولارنی ساقایتی شونداغ که خلق
کاچه لار نینک کپ قیلغانی نی و چولاق لار نینک ساق
بولغانی نی و توکورلارنینک مانکغانی نی و کورلارنینک کورکانی نی
کوروب اسرائیل نینک خداییغه حمد ایتّیلار .

اشعیا پیغمبر نینک کتابیدا الیك اوچونجی فصلده
مسیح نینک رنج تارتیب اولادورغانی نینک باره سیدا
پیغمبرلیك سوز باردور: انینک الدیدا کوچت دیك و قوروق
یرداکی یلدیزدین کوکلاکان نوته دیك اوندی انینک
هیئتی و جمالی یوق ایردی و بیز انکا قایلاغاندا انینکدا
بیز خوش کورادورغان کورونوشی یوق ایردی اول
تحقیر قیلینیب آدم لاردین ردّ قیلینغاندور درد نینک
کشی سی و الم بیلان الفت ایردی و بیز انینکدین
یوزومیزنی یاشورادورغان آدم دیك ایردی تحقیر قیلیندی
و بیز انی اعتبار قیلمادوق — — — — ظلم قیلینیب
زحمت تارتدی و اغزینی اچمادی بوغوزلانغانی
کلتورولادورغان بر قوزیدیك و قیرقغوچی نینک الدیدا

شوک توراد ورغان قویدیک اغزینی اچمادی اول ظلم
بندیدین و حکمدین کوتاریلدی و انینک
نسلی نی کیم بیان قیلادور چونکه اول حیاتلارنینک
یورتیدین کلدی قَوْمیم نینک تجاوزی (عصیانی)
اوچون اورولدی قبری فاسقلار اراسیدا بولدی اولومیده
بای بیلان تاپیلدی .

بو پیغمبرلیک سوزلار عیسی مسیحده بجا کلدی
یهودیلارنینک چونکلاری انی یمان کوروب خوار قیلیب
پیلاطوس دیکان روملیق والی نینک الدیغه کلتوردی
پیلاطوس انی اوردوروب دارغه تارتتوردی بو وقعهلار انجیلده
روشن بیان قیلینیب دور انجیل نینک باشقه باشقه یر
لاریده انینک رنج تارتیب اولکانی نینک خبری بریلیب دور
زبوردا هم انینک زحمت تارتادورغانی بارهسیده پیغمبرلیک
سوز باردور مثلاً قرق برنجی مزمورنینک توقوزونجی آیتده
پتولوب دورکه آری تانیم نی دیکان من اعتماد قیلغان
اوزیقین دوستوم تاپانی نی منینکا ضدیمغه کوتاریب دور بو
سوز عیسی مسیح اوز شاکردی انی دوشمنلارکا توتوب
برکانده بجا کلدی زکریا پیغمبر نینک کتابی اون برنجی
فصل اون اوچونجی ایتده و ارمیا پیغمبرنینک کتابی اون
توقوزونجی فصلده اول توتوب برادورغان اوتوز پارچه کموش

نی خدانینک بینیکا تاشلانیب خمدانچیغه بریلگان
بارەسیدین سوز بار.

بو سوزنینک بنچا کلیشی نی انجیل متی یکرمه یتنجی
فصلده تورتونجی آیت دین توقوزونجی آیتغچه کورامیز.

ینه یکرمه ایکنجی مزموردە برنجی آیت یتنجی
آیت وسکزنجی آیت دەواون التنجی آیت دین اون توقوزونجی
آیتغچه کلیب دور: ای خدایم ای خدایم نمه اوچون
منی ترک قیلیب سن منی کورکانلار نینک همەسی مسخرە
قیلیب کولادور باشی نی لنکشاتیب ایتّیلار اوزونک نی خدا
وندکا تاپشورغیل اول انی قوتقازسون انینکدین سویونکانی نی
کوروب اول انی خلاص قیلسون یمان قیلغوچیلار نینک
جماعتی منی قورشاب دور قوللاریمنی و پوتلاریمنی تشتیلار
کیمیمنی ارالاریدا تقسیم قیلیب لباسیم نینک اوستیکا قرعه
سالورلار. اتمیش توقوزونجی مزمور یکرمه برنجی آیت دە
کلیب دور: یما کیم اوچون منکا اوت بریب تشنه لیکیمدە سیرکه
ایچکالی برور ایردیلار و اشعیانینک کتابی الیکنجی فصل
التنجی آیت دە: اوچامنی منی اورغانلارغه واینکاکلاریمنی سقالیم
نی یولغانلارغه اوروندیم یوزومنی حقارت ونفرت دین یاشورمادیم

انجیل متی یکرمه یتنجی فصل یکرمه یتنجی آیتدین
قرق اوچونجی ایتغچه اوقوساق کوروورمیز که پیغمبرلیک

سوزلاری حضرت عیسی مسیح ده بجا کلدی پیلاطوس
عیسی مسیح نی اوردوردی انینک سپاه‌لاری تیکندین تاجغه
اوخشاش برنرسه یاساب باشیغه کیدوروب انکا برقزل چپان
یاپیب انینک الدیدا تیز بوکوب السلام ای یهودیلارنینک
پادشاهی دیب مسخره قیلیب انکا توکوروب باشیغه اوردیلار
اندین قزل چپان نی سالدوروب انی دارغه تارتیلار و بولدین
اوتادورغانلار باشلارینی لنکشاتیب انی حقارت قیلیب
سن ابن‌الله بولسانک داردین توشکیل دیب ایتّیلار و
امام‌لارنینک چونک‌لاری و خلق‌نینک شیخ‌لاری انی مسخره
قیلیب ایتّیلار: باشقه‌لارنی قوتقازدی اوزینی قوتقازالمایدور و
سپاه‌لار هم انی مسخره قیلیب ایکین‌لارینی تقسیم قیلیب
لباسی‌نینک اوستیکا قرعه سالدیلار.

زبورده و اشعیا پیغمبرنینک کتابیدا اولادورغان و
تیریلیب قوپادورغان باره‌سیدین سوزلار باردور زبور اون
التنجی مزمور اوننجی آیت ده و اون برنجی آیت ده کلیب
دورکه چونکه جانیم‌نی عالم برزخقه قویوب برماس سن و یا
مقدّسینککا چاه‌نی کورکوزمایسن خوشلوق‌لارنینک تمامی
سنینک حضورینکده بولور سنینک اونک قولونکدا
سویونوش ابدغچه بار.

زبور انیمیشنجی مزمور اون سکزنجی آیت ده کلیب دور

سن ایکیزکا چیقیب سن اسیرلار الیب سن آدملار
اراسیدین هدیه قبول قیلیب سن آری هم عاصیلاردین
تاکه ربّ خدا اندا ساکن بولغای ٠

اشعیا پیغمبرنینک کتابیدا الیک اوچونچی فصل
اون برنچی آیتده و اون ایکنچی آیتده کلیب دور: عادل
بنده‌م اوز بیلیشی برله تولالارنی عادل قیلور چونکه اولارنینک
کناهلارینی اول کوتارور انینک اوچون انینک نصیبه‌سینی
اولوغلار بیلان برورمن و اول چونکلار بیلان اولجه تقسیم
قیلور. چونکه اول اوز جانینی اولومکا فدا قیلدی و اول تجاوز
قیلغوچیلار بیلان سانالدی اول تولالارنینک کناهینی
کوتاریب تجاوز قیلغوچیلار اوچون شفاعت قیلدی ٠

انجیل شریفده کورورمیز که حضرت عیسی مسیح
اولوب دفن قیلینیب اوچونچی کونده کتابلارنینک سوزلاریکا
موافق تیریلیب قوپتی ٠ رسوللارنینک ایشلاری اوّلقی
فصلده کلیب دور: اول هم زحمت تارتقاندین کین قرق کون
اولارغه کورونوب خدانینک پادشاهلیقیغه نسبتی بولغان
نرسه‌لارنینک باره‌سیدا کپ قیلیب تولا دلیللار بیلان اوزی
نی اولارغه تیریک کورساتّی و اول اولار بیلان بولغاندا اولار
غه امر قیلدیکه اورشلیمدین یراق بارمای اتانینک مندین
انکلاغانینکیز وعده‌سیکا منتظر بولونکلار چونکه یحیی سو

بیلان تعمید بردی لیکن تولا کونلار اوتماسدین سیزلار روح القدّس برله تعمید الور سیزلار. پس اولار یوغلاشقاندا انینکدین سوراب ایتّیلار ای خداوند اسرائیلغه پادشاه‌لیق نی شو وقتیده ثابت قیلورسن‌مو. اولارغه ایتّی: اتا اوز قدرتیده قویغان وقتلارنی و زمانلارنی بیلماک سیزلارکا کراک ایماس لیکن روح القدّس اوستونکیزکا کلکانده سیزلار قدرت تاپیب اورشلیمده بارچه یهودیه‌ده سامره‌ده و یرنینک باشلاریغچه منکا کواه‌لار بولور سیزلار و اول مونی ایتیب اولار قاپلاغاندا ایکیزکا کوتاریلدی و بربولوت اولارنینک کوزلاریدین انی الدی.

انجیل لوقا یکرمه تورتونچی فصل الیکنچی و الیک برنچی آیتلارده کلیبدور: و اولارنی تاشقاری بیت عنیا غچه چیقاریب اوز قوللارینی کوتاریب اولارنی مبارکلادی و اولارنی مبارکلاکانده اولاردین آیریلدی. پس عیسی مسیح نینک توغولوشی معجزه‌لاری رنج زحمتلاری اولوب تریلیب قوپقانی و آسمانغه چیقانی باره‌سیدین مقدّس پیغمبرلارنینک واسطه سی بیلان ایلکاری خبر بریب ایردی پیغمبرلیک نینک همه‌سی انینکده بجا کلدی.

ایمدی حضرت عیسی مسیح نینک اولوغلوقی باره‌سیدین پیغمبرلارنینک کتابلاریغه کلکان برنچه سوز نی کورامیز میکا پیغمبرنینک کتابیدا بشنچی فصل ایکنچی

آیت ده خدا معلوم قیلیب دورکه مسیح نینک چیقیشی قدم دین و ازل دین دور چونکه عیسی مسیح مریم دین تو غولغاندا بو دنیاغه کلکانی بیلان شو وقتیدین ایلکاری اسماندا خدانینک حضوریده بار ایردی ۰

انجیل یوحنّانینک اوّلقی فصلغه قاپلاغیل ۰ حضرت عیسی مسیح باشقه آدم لاردیک بو دنیاغه کلکان ایماس انینک اوچون اول مقدّس کتاب لارده ابن اللّه هم اتانیب دور نیچوککه زبوردا ایکنچی فصل یتنچی آیت ده کلیب دورکه سن منینک اوغلوم دور سن خدانی توذویدورغانلارنینک همه سی بیلادورکه بو سوز تمام روحانی معنه سیده دور و هر کیز جسمانی معنه سیده بیلینمایدور نیچوککه انجیل لوقا برنچی فصل یکرمه التنچی آیت دین اوتوز بشنچی آیت لارده کلیب دورکه و التنچی آیدا جبرائیل فرشته خدادین جلیلیه نینک ناصرت دیکان بر شهریکا بیت داوددین یوسف اتلیق بر کشیکا وعده قیلینغان بر باکره قیزنینک الدیغه ایبارپلدی و اول باکره قیزنینک اسمی مریم ایردی و فرشته انینک الدیغه کیریب ایتّی: سلام سنکا ای مرحمت تاپقان خداوند سنینک بیلّه دور و اول انینک سوزیدین تولا بی ارام بولوب بو سلام نمه بولور دیب فکر قیلدی و فرشته انکا ایتّی ای مریم قورقماغیل چونکه سن خدانینک الدیدا مرحمت تاپتینک و منا سن رحمینکده حامله بولوب بر

اوغول توغارسن و انینك اتی نی عیسی قویارسن و اولوغ
بولوب متعال نینك اوغلی اتانور. انجیل نینك شو روشن
تعلیمیكا موافق عیسی مسیح نی ابن اللّٰه دیمیز انینك معنه
سی شوكه خدا انكا حدسز محبّت و عزّت كورساتادور و انجیل
نینك تعلیمیدین بیلورمیزكه عیسی مسیح باشقه آدم دیك
توغولمادی چونكه اول ازلدین دور و اول ابن اللّٰه اتانغان
نینك معنه سی شودوركه باشقه هیچ آدمدا بولماغان طریقه
ده خدا انینك كامل جلالی و قدرتی انینكده اظهار بولوب دور
اول اوزی ایتّی: من و اتا بر دورمیز. و اشعیا پیغمبرنینك كتابیدا
یتنچی فصل اون تورتونچی آیت ده: انینك اسمی
عمانوئیل یعنی خدا بیز بیله دور دیب ایتیلیب دور اشعیا
پیغمبر نینك كتابیده توقوزونچی فصل التنچی آیت دین اون
یتنچی آیت ده: چونكه بیزگا بر بالا توغولور و بر اوغول بریلور و
انینك سلطنتی موره سی نینك اوستیده بولور و انینك اسمی
عجائب مشیر عظیم خدا ابدی اتا سلامت نینك امیری اتانور
داود نینك تختی اوستیده و مملكتی اوستیده سلطنتی نینك
زیاده لیكیكا و سلامت نهایت بولماس كه اول ایمدیدین ابد
غچه حقیقت و عدالت بیلان تقریر قیلینیب بولانكای. بو پیغمبر
لیك سوز عیسی مسیح نینك باره سیدین كلیب انینك اولوغ
لوقی نی روشن اشكارا قیلادور پیغمبرلار واسطه سی برله خبر
كلیب دوركه عیسی مسیح كناه سز بولوب اوز جانی نی كناه كارلار

نینک کفارتی اوچون قربانلیق قیلادور اول کناهسز دولغاندین
کین اولوم نینک کوچی انکا یتماس ایدی لیکن اول بیزنینک
کناهلاریمیز اوچون اوز جانی نی فدا قیلدی اشعیا پیغمبرنینک
کتابیدا اللیک اوچونچی فصلده انینک بارەسیدین بو سوز کلیب
دور: همه میز قویلار دیک یولدین ازغان ایردوک وخداوند همه
میزنینک کناهیمیزنی انکا قویدی قبری فاسقلار ارا سیدا بولدی
اولومیده بای لار بیلان تاپیلدی چونکه اول ظلم قیلمادی و
انینک اغزیده حیله تاپیلماس ایردی امّا انی دردلار بیلان اور
غانی خداوندکا مناسب کوروندی اول اوز جانی نی قربانلیق
قیلغاندین کین اوز اوروغی نی کوروب اوزون حیات تورادور
خداوندنینک رضاسی انینک قولیدا رواج تاپادور بو پیغمبر
لیک سوزلارکا توغرا کلادورغان سوزلار انجیلده تولا باردور
عیسی مسیح اوز جانی نی کناهکارلار اوچون قربانلیق قیلغان
دین کین آدملارنی کناهلاریدین قوتقازالایدور انینک اوچون
اول پیغمبرلارنینک کتابلاریدا خلاص قیلغوچی اتاتادور اشعیا
پیغمبرنینک کتابیدا اللیک توقوزونچی فصل یکرمنچی آیتده
کلیب دور: خلاص قیلغوچی صهیونغه و بیت یعقوبدا تجا
وزدین یاناتورغانلارغه کلادور دیب خداوند ایتور پس کو
رومیزکه نجات انینک واسطه سی بیلان کلادور یالغوز اول قوتقاز
غوچی دور. زکریا پیغمبرنینک کتابیدا اون اوچونچی فصل
برنچی ایتده کلیب دور: اول کونده بیت داودغه و اورشلیم

نینک خلقیغه کناه و ناپاکلیق اوچون برچشمه اچیلور انجیل
ده کورورمیز که شو چشمه عیسی مسیح ده دور چونکه ایتیلیب
دور که انینک قانی بیزنی کناهلاریمیزدین پاك قیلادور انینک
دین باشقه هیچ کمرسه کناهلاریمیزدین پاك قیلالمایدور زبور
ده عیسی مسیح نینک بارهسیدا ایتیلیب دور اول پادشاه بو
لادور انکا اطاعت قیلغانلار انینک واسطهسی بیلان کامل برکت
تاپادور لیکن انی ردّ قیلیب تاشلاغانلار آخر جزاغه کرفتار
بولادور زبور کتابیده ایکنچی فصل اون ایکنچی آینده کلیب
دور: من تختی پارشاهیمنی مقدّس تاغیم صهیونداا نصب
قیلیب دور من فرمانni بیان قیلیب برامن خداوند منکا
ایتّی سن منینک اوغلوم دور سن بوکون تورالدینک مندین
تیلاکیل و من طائفهلارنی میراث و دنیانینک انتهالارینی سنکا
ملک قیلیب برامن سن اولارنی تمورکالتك برله سیندوروب کوزه
چی نینک کوزهسیدیک چاقیب پاره پاره قیلورسن.

پس ایمدی پارشاهلار عاقل بولونکلار ای دنیانینک
حاکملاری عبرت الینکلار قورقونج بیلان خداوندکا عبادت
قیلیب تیترامالکلیک بیلان خوش بولونکلار اوغولنی
سویونکلار تاکه اول غضبلانماکای و یولدا هلاك بولماغای
سیزلار چونکه انینک اچیغی پات توتاشور انکا همه توکّل
قیلغوچیلار مبارك دورلار. عیسی مسیحنی قبول قیلساق
نجات تاپارمیز باشقه یول یوق یالغوز اول قوتقازغوچی دور.

Profetord om

Messias

Östturkiska

*Translated from English by permission of the Christian Literature Society, London.*

Swedish Mission Press, Kashgar

1931.